UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

01.11.2020 – 20.10.2020

تەييارلىغۇچىلار : نىجات تۇرغۇن
: م.تەڭرىقۇت
: مۇھەممەد ئەلى

تەھرىرلەر : ئابدۇرېھىم دۆلەت
: پاسىبان

4 - سان
03/11/2020

https://www.uysi.org/ug/

# ئامېرىكا ــ خىتاي مۇناسىۋەتلىرى ھەپتىلىك دوكلاتى

20.10.2020—31.10.2020

**تەييارلىغۇچى: م. تەڭرىقۇت**

**BBC**
**20.10.2020**

■ بۇرۇندىن تارتىپ ئامېرىكاغا كىمنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى خىتاينىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. بۇ قېتىم خىتايغا نىسبەتەن ترامپ بىلەن بايدىننىڭ قايسىسىنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى پايدىلىق دېگەن مەسىلىدە ب ب س مۇخبىر بۇ ھەقتە خىتاينىڭ ئىچىدىكى ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئالغان.

نورمال كىشىلەر بايدىننىڭ يېڭىشىنى خالايدىغانلىقىنى چۈنكى ترامپنىڭ خىتايغا ناھايىتى قاتتىق قول، ساراڭ ۋە تەلۋە بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى يەن شۆتۇڭ بولسا ترامپنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ خىتايغا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن «ترامپ يەڭسە ياخشى، بۇ ئۇنىڭ خىتايغا تېخىمۇ ئاز زەربە بېرىدىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى ئامېرىكانىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىندۇر».

ھازىر خىتاينىڭ داڭلىق مۇتەخەسسىسلىرى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا ئامېرىكانىڭ ھەم سىياسىي ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ خىتاينىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئىككى نەرسە سەۋەب بولىدىغان

بولۇپ بۇنىڭ بىرى ۋىرۇس يەنە بىرى ترامپ ئىكەن.[1]

**BUSINESS INSIDER**
**23.10.2020**

■ ئاۋستىرالىيە لوۋي ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، گەرچە بۇ يىل ئاسىيا رايونىدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت يەنىلا ئامېرىكا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ۋە خىتاي ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارماقتا. ئەمما ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ ئاسىيا رايونىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغۇدەك كۈچى يوق.

بۇ خىل پەرقنىڭ سەۋەبلىرى بولسا ئامېرىكانىڭ يەككە تەرەپلىك تىجارەت ئۇرۇشى، ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئېغىر ھەربىي خىراجەت تەلەپ قىلىشى، ۋىرۇس ۋە ترامپنىڭ ئامېرىكانى يالغۇزلاشتۇرۇش سىياسىتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقماقتا. ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە خىتاينىڭ كۈچىيىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ئاجىزلىشىشى ئۇنىڭ ھەققەتەن ئاجىزلىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى سىياسىي جەھەتتىكى تۇتقان يولى سەۋەبىدىن بولماقتا.[2]

**Bloomberg**
**27.10.2020**

■ ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى بىرېممېر ئامېرىكا ۋە خىتاي ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە لاگېرلارغا سولاش، خوڭكوڭ مەسىلىسى، تەيۋەن ۋە جەنۇبىي دېڭىز مەسىلىسى، بىلىم ئەقىل مۈلۈكى،

[1] John Sudworth, “US 2020 election: Who does China really want to win?”, *BBC*, 20.10.2020.
https://www.bbc.com/news/election-us-2020-54522988

[2] Christopher Woody, “The balance of power is shifting in Asia, and China is gaining on the US”, *Business Insider*, 23.10.2020.
https://www.businessinsider.com/balance-of-power-shifting-in-asia-china-gaining-on-us-2020-10

ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىكى سۈركىلىشلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭىيىپ ماڭىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ كىمنىڭ پرېزىدېنت بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز يوق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ساھەلەردە توقۇنۇش بار ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىك ئېغىر» دېدى.

دۈشەنبە كۈنى ئامېرىكا تەرەپ تەيۋەن تەرەپكە سېتىپ بېرىلىدىغان قىممىتى 2.4 مىليارد دوللارلىق پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا توختىمىنى ئىمزالىغان. بۇنىڭغا قارىتا خىتاي تەرەپمۇ بوئېىن، لوكخىد مارتىن قاتارلىق شىركەتلەرنى جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ياۋرو-ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ بىلدۈرۈشىچە گەرچە شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىسى بايدىننىڭ غەلبە قىلىشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ لېكىن خىتاينىڭ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرى ترامپنىڭ غەلبە قىلىشىنى خالايدىكەن، چۈنكى ئۇ ئامېرىكانىڭ خەلقئارادىكى ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنى چۈشۈرىدىكەن. بىرېمىرنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بايدىن غەلبە قىلسا، خىتايغا قارىتا يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئارىلىشىش كۈچىيىدىكەن. ترامپ ھۆكۈمىتىدە بولسا سودا سۆھبىتى ئاساس مەركەزلىك ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن.[3]

**South China Morning Post**
**27.10.2020**

■ پومپېيو چارشەنبە كۈنى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارشى بىرلىكسەپ قۇرۇش زىيارىتىنى سىرىلانكا ۋە مالدىۋىغا ئېلىپ باردى. ئۇ خىتاينىڭ بۇ ئىككى دۆلەتتىكى قەرز بېرىش ۋە مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇزچىلىق قىلغانلىق ۋە قانۇنسىزلىق دەپ ئەيىبلىدى.

[3] Ben Bartenstein, “Bremmer Warns of ‘Enormous’ U.S.-China Confrontations After Vote”, Diplomacy, 27.10.2020
https://www.bloombergquint.com/global-economics/bremmer-warns-of-enormous-u-s-china-confrontations-after-vote

ئامېرىكانى بولسا ئۇلارغا باشقا مەقسەت بىلەن يېقىنلىشىدىغانلىقىنى، دوست ۋە شېرىك سۈپىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. بۇنىڭغا قارىتا سىرىلانكا مىنىستىرى خىتاينى ئەيىبلەشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان بولۇپ، ئۇ «سىرىلانكا بارلىق دوستانە دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىششقا تەييار، تەرەپ تۇتمايدىغان نېيتىرال دۆلەت» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

پومپېيونىڭ بۇ زىيارىتىگە قارىتا خىتاينىڭ سىرىلانكىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى مۇنداق تۋىتتېر يوللىغان:

***مىنىستىر پومپېيو ئەپەندى، بىز ھازىر خىتاي- سىرىلانكا مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن ئالدىراش. سىزنىڭ «يات مەخلۇق ۋە گۆشخور» aliens VS Predator ئويۇنۇڭىزنى ئويناشقا ۋاقتىمىز يوق.[4]***

**دىپلوماتىيە**

**27.10.2020**

■ ئامېرىكا خىتاينىڭ ئالتە مېدىيا قۇرۇلۇش شىركىتىنى جازالىغاندىن كېيىن خىتايمۇ ئوخشاشلا ئامېرىكانىڭ ئالتە مېدىيا شىركىتىنى جازالىغان. بۇلار American Broadcasting Corporation (ABC), the Los Angeles Times, Newsweek, Feature Story News, the Bureau of National Affairs, and Minnesota Public Radio قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. خىتاي تەرەپ بۇلاردىن ھەپتىدە بىر قېتىم ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى، ئىقتىسادى ۋە مال - مۈلكىنى خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپكە دوكلات قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

بۇنىڭدىن بۇرۇن مايك پومپېيو خىتاينىڭ Yicai Global, Jiefang Daily,

[4] Randy Sharma, Reuters, “Pompeo accuses China of being a ‘predator’ that offers ‘bad deals’ to Sri Lanka and Maldives”, *South China Morning Post*, 27.10.2020. https://www.scmp.com/week-asia/politics/article/3107293/pompeos-sri-lanka-visit-underscores-brewing-us-china-battle-indo

Xinmin Evening News, Social Sciences in China Press, Beijing Review, and Economic Daily قاتارلىق ئالتە مېدىيا ئورگىنىنى جازالىغان ئىدى.[5]

**South China Morning Post**
**28.10.2020**

■ بىرازىلىيە تەرەپ تۈيۈقسىز خىتاي ئىشلەپچىقارغان ۋۇخەن ۋىرۇسىغا قارشى ۋاكسىنىنى ئالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. كۆزەتكۈچىلەر بۇنى خىتاي - ئامېرىكا تەسىر دائىرىسى رىقابىتىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى دەپ قارىغان.

بىرازىلىيە پرېزىدېنتى بولسونارو 21- ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي بىلەن بۇ ھەقتە تۈزگەن كېلىشىمنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، ئۇ بۇ قارارنى بىرازىلىيە سەھىيە ئىشلىرى مىنىستىرى ئېدۋاردونىڭ خىتايدىن 46 مىليون تال ۋاكسىنا سېتىۋېلىش كېلىشىمى ئىمزالاپ ئىككى كۈندىن كېيىن چىقارغان. ئۇ فېيسبۇك ھېسابىدا «بىرازىلىيە خەلقى سىناق قىلىنىدىغان چوشقا ئەمەس» دەپ يازغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، دەل بىرازىلىيە پرېزىدېنتى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى روبېرت ئوبرىيىن بىلەن ئۇچراشقان ھەپتىدە خىتايدىن ۋاكسىنا سېتىۋېلىش توختامى بىكار قىلىنغان. ئامېرىكا تەرەپ بىرازىلىيەگە 2 مىليارد دوللار مەبلەغ سالىدىغان بولغان. بىرازىلىيە پرېزىدېنتى بولسا ترامپنىڭ قايتا سايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بىرازىلىيەنىڭ خىتايىنى كۆزىتىش تەتقىقات مەركىزىنىڭ باشلىقى پادىلھا بولسا خىتاينىڭ بىرازىلىيە بىلەن بولغان سودا ئومۇمىي سوممىسى ياۋروپا

[5] Eleanor Albert, “China Retaliates With More Restrictions on US Media”, *The Diplomat*, 27.20.2020.
https://thediplomat.com/2020/10/china-retaliates-with-more-restrictions-on-us-media/

ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكانىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىنمۇ كۆپ بولۇپ ئامېرىكانىڭ 2 مىليارد دوللار مەبلىغىنىڭ برازىلىيەنىڭ چوڭ جەھەتتىكى ئىقتىسادىي يۆلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[6]

**CNN**
**29.10.2020**

■ ترامپ ھۆكۈمىتى ناتو ئىتتىپاقداشلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ خىتاينىڭ يادرو قورال پىروگراممىسىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا چاقىرماقتا. ئۆتكەن ھەپتە ناتو ئىتتىپاقداشلار يىغىنىدا ئامېرىكا تەرەپتىن مارشال بىللىڭسلى Billingslea ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىگە خىتاينىڭ يادرو قورال پىروگراممىلىرىغا چەكلىمە قويۇش ۋە خىتاي تەرەپكە بېسىم قىلىش ئارقىلىق رۇسىيە ۋە ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى يادرو قورallirini چەكلەش كېلىشىمنامىسى ئىچىگە خىتاينىمۇ ئەكىرىشى لازىملىقىنى سۆزلىگەن.

بىللىڭسلى يىغىندا خىتاينىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى سۈنئىي ھەمراھ خەرىتىسىدىن كۆرسەتكەن بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ ئىشلارنى مەخپىي ئەمەس ئوچۇق - ئاشكارا شەكىلدە قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. نوتا تەرەپتىن يەنە بىر ۋەكىل بۇنىڭ ھەقىقەتەن بارلىق ئەزالارنىڭ دىققەت قىلىشى لازىم بولغان بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەمما بۇ يىغىن ئامېرىكا تەرەپتىن ئېنىق تەلەپ، پىلان ۋە ھەرىكەت لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن ئاخىرلاشقان.

ھازىرغىچە دۇنيا يادرو قورال زاپىسىنىڭ 91% ى ئامېرىكا ۋە رۇسىيەنىڭ قولىدا بولۇپ بۇ ئىككى دۆلەت ۋە ئەنگلىيە يادرو ئوق بېشىنىڭ سانىنى

[6] Eduardo Baptista, “Brazil’s coronavirus vaccine squabble another fight over US, China influence”, *The South China Morning Post*, 28.10.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3107222/brazils-coronavirus-vaccine-squabble-another-fight-over-us

كۆرۈنەرلىك ئازايتقان. فرانسىيە ۋە ئىسرائىلىيەدە يادرو قوراللىرىنىڭ سانىدا ئۆزگىرىش ئاساسەن ناھايىتى ئاز. ئەكسىچە، خىتاي، ھىندىستان، پاكىستان ۋە شىمالىي كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە يادرو قوراللىرىنىڭ سانى كۆنسايىن ئېشىپ بارماقتا.[7]

**DW| ENGLISH**
**29.10.2020**

■ ئامېرىكا- خىتاي سودا ئۇرۇشىدا ئەڭ كۆپ پايدا ئالغۇچى ۋە زىيان تارتقۇچى كىم؟ DW ئىنگلىزچە قانىلى بۇ ھەقتە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ ئەڭ كۆپ پايدا ئالغۇچىلار رەت تەرتىپى بويىچە ۋيېتنام، تەيۋەن ۋە مېكسىكا بولغان بولسا، زىيان تارتقۇچىلار خىتاي ۋە ئامېرىكادىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەت بولغان.

ترامپنىڭ سودا ئۇرۇشىنى باشلاتقىنىغا 2 يىلدىن ئاشقان بولۇپ بۇ جەرياندا خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەجمىدە ئومۇمىي جەھەتتىن كېمىيىش بولغان. ئامېرىكا مال مەنبەسى جەھەتتىن خىتايدىن باشقا بازارلارغا يۈزلىنىشنى باشلىغان بولۇپ، باشتا مېكسىكادىن غايەت زور ھەجمىدە مال ئىمپورت قىلغان. لېكىن خىتايدىن تارقالغان ۋىرۇسنىڭ تەسىرى بىلەن مېكسىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ۋيېتنام ۋە تەيۋەن بۇ بوشلۇقنى تولۇقلىغان. بولۇپمۇ ۋيېتنامنىڭ ئامېرىكاغا بولغان ئېكسپورتى توختىماي ئېشىپ ماڭغان.

ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سودا ئۇرۇشى ئۈنۈمىنى كۆرسىتىپ ئامېرىكانىڭ ئىمپورت جەھەتتە خىتايغا يۆلىنىپ قېلىشى ئۆزگىرىشكە قاراپ تەرەققىي

[7] Vivian Salama, “Trump administration pushes allies to pressure China over its nuclear program”, *CNN*, 29.10.2020.
https://edition.cnn.com/2020/10/29/politics/us-china-nuclear-pressure/index.html

قىلىۋاتقان بىر مەزگىلدە، خىتايدىن تارقالغان ۋىرۇس يەنە خىتايدىن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ ھەجمىنى سودا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى سەۋىيەگە ئەكېلىپ قويغان. چۈنكى ۋىرۇستىن خىتاي ھەممىدىن بۇرۇن ئەسلىگە كەلگەن بولسا دۇنيادىكى باشقا ئاساسلىق ئېكسپورت دۆلەتلىرىدە ئىشلەپچىقىرىشتا چېكىنىش بولغان ۋە ئامېرىكا يەنە زۆرۈر بۇيۇملارنى خىتايدىن سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.[8]

## خىتاي يەرشارى ۋاقىت گېزىتى | ئىنگلىزچە

**30.10.2020**

■ خىتاي تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى جى جىيې خىتاي يەر شارى ۋاقىت گېزىتىدە ئامېرىكانىڭ خىتاي سىياسىتى ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا تەرەپنىڭ «زومىگەرلىك نەزەرىيەسى»نى قوللىنىش ئارقىلىق خىتاينى قارىلاۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان.

ئۇ ئامېرىكانىڭ خىتاينى زومىگەر بولماقچى دەپ قارىشىنىڭ ئىككى سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ بۇنىڭ بىرىنچىسى «باشقىلارنىڭ قونىقىنى ئۆزىنىڭ خالتىسىدا ئۆلچەش» دەپ ئاتىغان. جى جىيې مۇنداق دېگەن «ئامېرىكا ئۆتكەن بىر نەچچە ئەسىردىن بېرى ئىزچىل دۇنيانىڭ خوجىسى بولۇشنى ۋە بۇنى ساقلاپ قېلىشنى نىشان قىلىپ كەلگەن بولۇپ شۇڭا كۈچلەنگەن خىتايمۇ ئوخشاش ئىشنى قىلىدۇ».

يەنە بىر سەۋەبى بولسا، خىتاينىڭ ئىقتىسادىنىڭ توختىماي تەرەققىي قىلىشى ۋە بۇنىڭ ئامېرىكادا ياراتقان ئەندىشىسى دەپ قارىغان. ئۇ بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى

[8] “The Real Winner of US-China Trade Dispute”, *DW*, 29.10.2020. https://www.dw.com/en/the-real-winners-of-the-us-china-trade-dispute/a-55420269

ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكانىڭ ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن چەكلەش ئېلىپ بارغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن.

ئۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ترامپنى سودىگەر بولغاچقا خىتايغا قارىتا سودا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بۇ قاراشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، كىم پرېزىدېنت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىتاينى ئىقتىسادىي جەھەتتىن توسىدىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكادا ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ئاللىبۇرۇن يېڭى خىتاي ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈزۈلۈپ بولغانلىقىنى سۆزلىگەن.[9]

**BBC| CHINESE**
**30.10.2020**

■ ئامېرىكا يېقىندا تەيۋەنگە يەنە 2 مىليارد دوللار قىممىتىدە قورال سېتىپ بېرىش كېلىشىمىنى تەستىقلىغان بولۇپ بۇنىڭ بىلەن 10 كۈن ئىچىدە ئامېرىكا تەيۋەن بىلەن جەمئىي 3.8 مىليارد دوللارلىق قورال ياراق كېلىشىمىنى ئىمزالىغان. خىتاي تەرەپ بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ۋە بوئىن قاتارلىق شىركەتلەرنى جازالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى خىتاي جازالايمەن دېگەن شىركەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن ھېچقانداق چوڭ سودا مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ جازالىمىز دېگەنىنىڭ كۆپ ئەھمىيىتى يوق ئىكەن.

بۇ قېتىم ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە سېتىپ بېرىدىغان قوراللىرى ناھايىتى ئىلغار ۋە مۇھىم قوراللار بولۇپ ئاساسلىقى ھۇجۇم خاراكتېرلىك قوراللار ئىكەن. بۇ قوراللار خىتاينىڭ تەيۋەندە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئىقتىدارىنى بىتچىت قىلالايدىكەن ۋە بۇنىڭدىن باشقا خىتاينىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن.

---

[9] “US uses hegemonic theory to smear China”, *Global Times*, 30.10.2020 https://www.globaltimes.cn/content/1205194.shtml

تەيۋەن تەرەپ بولسا خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكادىن داۋاملىق قورال سېتىۋالىدىغانلىقىنى ۋە ھەربىي كۈچىنى توختىماي كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەمەلىيەتتە تەيۋەنگە قورال سېتىپ بېرىش 1979 - يىلى ئىمزالانغان «Taiwan Relations Act» نىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ كېلىشىمدە ھەر بىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەيۋەننىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىم بولغان قوراللار بىلەن تەمىنلىشى بەلگىلەنگەن.[10]

**BBC| CHINESE**
**30.10.2020**

## 2035 - يىلى خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتەمدۇ ؟

■ خىتاي 29- چېسلا 19- نۆۋەتلىك 5- ئومۇمىي يىغىنىنى ئاخىرلاشتۇرغان بولۇپ يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئىسلاھات، ئىقتىساد، سىياسىي ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشى قاتارلىقلار بولغان.

خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمنى 2035- يىلغا بارغاندا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى پىلانلىغان بولۇپ، دىڭ شياۋپىڭ بولسا بۇ نىشاننى 2050- يىلىغا بارغاندا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى پىلانلىغان ئىدى. بۇ سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن خىتاينىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 4-5%%، كىشى بېشى يىللىق كىرىمى 15مىڭ دوللاردىن 20 مىڭ دوللارغىچە بولۇشى كېرەك ئىكەن. ھازىر خىتايغا پايدىلىق بولغان ئەھۋال ۋىرۇسنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى بولۇپ، ۋىرۇس ئېلىپ كەلگەن پۇرسەت بىلەن خىتاي ھەتتا 2030- يىلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن (GDP) ئامېرىكادىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

[10] “美方对台出售的武器，对中国有什么影响？”, *BBC*, 30.10.20 https://www.bbc.com/zhongwen/simp/54745351

1. ئەمما تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى توساق ئىكەن. بۇلار:

2. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي ئەرزان ئەمگەك كۈچى ئەۋزەللىكىنى يوقىتىپ قويىدىكەن.

3. نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشى. 2022- يىلغا بارغاندا خىتايدا 65 ياشتىن يۇقىرىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلەيدىغان نىسبىتى 14% تىن ئېشىپ كېتىدىغان بولۇپ، قېرىلىشىش سۈرئىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىكەن.

4. يەرشارىلىشىشنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى.[11]

**VOA | CHINESE**
**31.10.2020**

■ ئامېرىكانىڭ ئاسىيا ئىشلىرى كومىتېتى باش كاتىپ ياردەمچىسى دېۋىد ستىلۋېل 30- چېسلا ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئاسىيالىقلار جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن ئىنتېرنېت يىغىنىدا، خىتاينىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا «مەخپىي، تەھدىتكە تولغان ۋە چىرىكلەشكەن» پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەركىن دۇنيانىڭ بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

ئۇ، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئون يىللاردىن بېرى خىتاي بىلەن ئىللىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەنلىكىنى، دىپلوماتىيە، مەبلەغ سېلىش، ئاخبارات ۋە يۇقىرىلار ئارا ئالاقىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئىشەنچنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقىغا

[11] “中共五中全会解读：2035年中国经济全面超越美国？”, *BBC*, 30.10.2020
https://www.bbc.com/zhongwen/simp/chinese-news-54731277

ئىشىنىپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بۇ خىل «ئۆچرىشىش»لارنى قورالغا ئايلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئۇ يەنە «خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى بىزنىڭ دېموكراتىك پرىنسىپلىرىنى رەت قىلىپلا قالماي، ئەكسىچە ئۇنى يەنە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق دەپ قاراۋاتىدۇ» دېگەن. ئۇ خىتاينىڭ قىلمىشلىرىدىن سىياسىيونلارنى سېتىۋېلىش، خىتايغا بويسۇنمىغان مېدىيا ۋە كارخانىلارغا بېسىم ئىشلىتىش، چەتئەلدىكى باشقا پىكىردىكى خىتاي پۇقرالىرىغا تەھدىت سېلىش ۋە پاراكەندە قىلىش، خىتاي ۋىرۇسى ھەققىدە يالغان خەۋەر تارقىتىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.[12]

**The Wall Street Journal**
**31.10.2020**

■ ئەڭ يېڭى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئۇرۇشى ۋە خىتاي ۋىرۇس سەۋەبلىك ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ خىتايدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ئېھتىماللىقى تۆۋەن ئىكەن. American Chamber of Commerce نىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، خىتايدىكى 70% دىن ئارتۇق چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ چېكىنىپ چىقىپ كېتىش پىلانى يوق ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى خىتايدىكى كۆلەملەشكەن شەكىلدە سېلىنىپ بولغان مەبلەغ ۋە دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئىستېمال مىقدارىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدىغان بازار دىن ئىبارەت ئىكەن.

ئەگەر ترامپ غەلىبە قىلسا ئۇ تىجارەت ئۇرۇشىنىڭ كۆلىمىنى ۋە سالمىقىنى

---

[12] 莫雨，“全球腐败丑闻都有中共的身影”美助卿：中共海外活动“隐秘、胁迫和腐化”， *VOA*, 31.10.2020
https://www.voachinese.com/a/stilwell-policy-address-on-china-malign-influence-20201030/5642982.html

يەنە بىر ھەسسە ئېغىرلاشتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنى خىتايدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشنى قايتا ئويلىنىشقا شۇنداقلا چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

لېكىن بايدىن غەلبە قىلسا خىتايغا قارىتا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ۋە ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدۇ. چۈنكى خىتاي ترامپنىڭ سودا ئۇرۇشى تاكتىكىسىغا قارشى ئۆزگىچە چۈشلۈق پىلانى بار. لېكىن بايدىن ياۋروپا ۋە ياپونىيە قاتارلىق كۈچلەرنى يېنىغا تارتىپ خەلقئارالىق بېسىم شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق خىتاينىڭ خەلقئارالىق پاتېنت ۋە پەن - تېخنىكا ئوغرىلاش قىلمىشلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ ۋە بۇ خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش زەنجىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن خىتاي تەرەپ بايدىننىڭ غەلبە قىلىشىدىن بەكرەك ئەنسىرىشى مۇمكىن.[13]

## ئامېرىكا- خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ھەپتىلىك تەرەققىياتى ھەققىدە تەھلىل

گەرچە سايلامغا بىر ھەپتە قالغان بولسىمۇ ترامپ ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى خەلقئارالىق بىرلىكسەپ قۇرۇش ئۈچۈن دىپلوماتىك زىيارەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ماڭغان. بۇ نۇقتىدىن، دائىم خەۋەرلەردە يېزىلىپ كېلىۋاتقان ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى سىياسەتتە زەئىپ بولۇش نەزەرىيەسىنىڭ ئۇنچە توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. لېكىن ترامپنىڭ شەخسىيىتىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھەققەتەن خىتايغا قارشى ئۈنۈملۈك خەلقئارالىق ئىتتىپاق شەكىللەندۈرەلىشىگە نۇرغۇن كىشىلەر ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىمەكتە. بۇ ھەقتە DW نىڭ ئىنگلىزچە قانىلىنىڭ ئىشلىگەن خەۋىرىدە ياۋروپالىقلار «ترامپنىڭ يېڭىلىشى ئۈچۈن دۇئا

---

[13] Yossi Sheffi, “Commentary: Postelection U.S.-China Trade Relations May Not Take the Expected Path”, *Wall Street Journal*, 31.10.2020.
https://www.wsj.com/articles/commentary-postelection-u-s-china-trade-relations-may-not-take-the-expected-path-11604142000

قىلماقتا» ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتۈش كۇپايە بولۇشى مۇمكىن. يەنە بۇ مەسىلىدە خىتاينىڭ داڭلىق خەلقئارا مۇناسىۋەت مۇتەخەسسىسى يەن شۆتۇڭنىڭ ترامپنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ خىتاي ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ترامپنىڭ ئامېرىكانىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىگە غايەت زور زىيان سېلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. كىمنىڭ خىتايغا قارشى ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ھەققەتەن بايدىن ترامپقا قارىغاندا ياخشى نامزات بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ترامپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن «لۈكچەكلىك» سىياسىتىنى تاشلاپ ئىتتىپاقداشلىرى ۋە دېموكراتىك ئەللەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتسە ۋە ئۇلارغا يېڭىدىن ئىشەنچ ئاتا قىلالىسا ۋە بۇ ئارقىلىق خىتايغا دىپلوماتىيە جەھەتتىن پۇرسەت بەرمىسە، خىتايغا قارىتا ئەڭ ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلەيدىغان ۋە ئامېرىكانىڭ لىدىرلىق ئورنىنى قايتىدىن تىكلەيدىغان پرېزىدېنت بولالىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنى سېتىپ بېرىشى ئامېرىكانىڭ خىتايغا قارشى چەكلەش ئېلىپ بېرىش سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. خىتاينىڭ ئامېرىكاغا ۋە مەۋجۇت لىبېرال دۇنياغا ئەڭ چوڭ تەھدىت ئىكەنلىكى ئامېرىكادىكى ئىككى پارتىيە ۋە باشقا سىياسەتچىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلانغان بولۇپ ئامېرىكا ئاسىيا ئىشلىرى تەتقىقات مەركىزىدىن دېيۋىد ستىلۋېلنىڭ «خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى بىزنىڭ دېموكراتىك پرىنسىپلىرىمىزنى رەت قىلىپلا قالماي، ئەكسىچە ئۇنى يەنە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق دەپ قاراۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ خىتاي بىلەن بولغان توقۇنۇشىنىڭ دەرىجىسىنى تىجارەت ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ھالقىتىپ ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەپتىدىكى يەنە بىر مۇھىم نوقتا بولسا، خىتاينىڭ يېقىندا ئاخىرلاشقان يىغىنى بولۇپ بۇنىڭدا خىتاي 2030-يىلىغا بارغاندا ئوتتۇرا سەۋىيەدىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىشنى پىلانلىغان. لېكىن ئامېرىكا تەرەپنىڭ باشقا بىر دوكلاتىغا قارىغاندا خىتاينىڭ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى توسالغۇدىن بىرىنىڭ خىتايدىكى ئەرزان ئەمگەك كۈچىنىڭ يوق بولۇشى ياكى ئازىيىشى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. لېكىن خىتاي بۇلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا 2030- يىللىق پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنداق بولسا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ موتورى بولغان ئەرزان ئەمگەك كۈچى مەسىلىسىنى خىتاي قانداق ھەل قىلىدۇ؟ بۇ نۇقتىدا خىتاي ئۇيغۇرلار قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنى «كەسپى تەربىيەلەش» نامىدا لاگېرلارغا توپلاپ ئۇزۇن مەزگىللىك ئەرزان ئىش كۈچى ھەتتا «قۇل ئىشچى» قىلىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ھەتتا كېڭەيتىشى مۇمكىن. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 31-چېسلادىكى «كەسپى جەھەتتىن تەربىيەلەنگەنلەر يىلىغا ئوتتۇرىچە بىر مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى» ماۋزۇلۇق خەۋىرى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خىتاينىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچ مەنبەسى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنىڭ ئىشارىتى بولۇشى مۇمكىن.

## تەكلىپ ۋە تەۋسىيە

كۈچ ۋە زېھنىنى ۋەتەندىكى لاگېر ۋە قۇل ئىشچى مەسىلىسىگە قارىتىش، بۇ ھەقتە خەلقئارالىق ئۆلچەمگە يېتىدىغان شەكىلدىكى ئىسپاتلارنى توپلاش ۋە خەلقئارالىق سەۋىيە ۋە ئۇسلۇبتا دۇنياغا ئاڭلىتىش كېرەك.

دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىدېئولوگىيە ۋە ھېسسىيات نۇقتىسىدىن ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئادالەت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش لازىم. مۇناسىۋەتسىز ياكى بىزگە زىيانلىق مەسىلىلەردە پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا سۈكۈت قىلىش ئەۋزەل.

## غەرب - خىتاي مۇناسىۋىتى

20.11.01 - 20.10.26

**تەييارلىغۇچى: نىجات تۇرغۇن**

■ ئامېرىكانىڭ سايلام نەتىجىسى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە ئىككى تەرەپ ئۆز - ئارا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە تولۇق كېلىشەلمەيۋاتقان بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى شىركەتلىرىنىڭ خىتاي بازىرىغا تولۇق ھوقۇق بىلەن كىرەلمەيۋاتقىنىدىن نارازى. خىتايمۇ 2019 - يىلىدىن باشلاپ دۆلەت بىخەتەرلىكى سەۋەبىدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قويۇلۇۋاتقان مەبلەغ سېلىش چەكلىمىلىرىدىن رازى ئەمەس.

COVID-19، خوڭكوڭ بىخەتەرلىك قانۇنى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە خۇاۋېينىڭ 5گ قۇرۇلۇشلىرىدىن چەكلىنىشى قاتارلىقلار ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ.[14]

*ئامېرىكا بىلەن خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسېرى يىرىكلىشىشىگە ئەگىشىپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىككى كۈچنىڭ رىقابىتى ئوتتۇرىسىدىكى رولى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا. ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن سەۋەبلەر تۈپەيلى ئامېرىكا بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇشقا تەمشەلمەكتە.*

[14] 1.Wendy WU, Laura and Jun Ma. ''China and EU wait to see how American election result will affect investment treaty negotiations''. *South China Morning Post.* 31.10.20.
https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3107809/china-and-eu-wait-see-how-american-election-result-will-affect

*ئەمما ئامېرىكادىكى سايلام نەتىجىسى ۋە خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ـ ئارا مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئىككى تەرەپ رازى بولىدىغان نۇقتىغا كېلىش ياكى كېلەلمەسلىكى، يېقىن كەلگۈسىدىكى ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللار بولۇشى قىلىشى مۇمكىن.*

*خىتاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلىملىرى مەركىزىنىڭ باشلىقىنىڭ پەرىزىچە ياۋروپا بىلەن ھىندىستاننىڭ قويۇقلىشىۋاتقان مۇناسىۋىتى جۇغراپىيەلىك سىياسىي ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىشى مۇمكىن.*

بۇ مەركەز يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

■ «گەرچە 2004 ـ يىلى ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ياۋروپا بىلەن ھىندىستان مۇناسىۋىتى پەقەت رەھبەرلىك قاتلىمى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. (ئەركىن سودا رايونى توغرىسىدىكى سۆھبەتمۇ 2013 ـيىلى توڭلىتىلغان بولۇپ، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ياۋروپا ـ ھىندىستان سودىسى ياۋروپا ئومۇمىي سودىسىنىڭ ئاران 1.9%نى ئىگىلىگەن.)»

«بۇ يىل 7 ـ ئايدىكى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەلگىلىك ئىلگىرىلەش ۋە يېقىنلىشىش بولغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەندىشەلەردىكى ئورتاقلىق بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى «ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيە» ۋە ئىقتىسادى ئىگىلىك ھوقۇقىنى تەكىتلەپ، تاشقى بېقىنىش، يەنى خىتايغا بولغان بېقىنىشنى ئازايتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن. ھىندىستان ياۋروپانىڭ تاشقى تەمىنلەش زەنجىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە ياۋروپا ئېكسپورتىنى ۋە تىجارىتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئورنىغا بىر تاللاش بولالايدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ».

■ «خىتاي بىلەن ياۋروپانىڭ تېخنولوگىيە، سانائەت، تىجارەت ۋە مەبلەغچىلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى رىقابىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ھىندىستان «خىتايغا قارشى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى كۈچ» دەپ تونۇلماقتا. شەرقىي جەنۇبى خىتاي دېڭىزىدا ئامېرىكا ـ خىتاي ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىشىشى بىلەن، ھىندى ئوكيانىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى ئېشىۋاتىدۇ ۋە ھىندىستان ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوندا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشىنى خالايدۇ»[15].

*خىتاينىڭ كۈچىيىشى ۋە دۇنياغا ھۆكۈمران دۆلەت بولۇش ئىستىكى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىغا ئەگىشىپ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېرىكلىك كۆرۈلۈۋاتقان بولۇپ، مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىۋاتقان بۇ دۆلەتلەر ۋە كۈچلەر ئۆز ـ ئارا سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق قۇرۇشنى باشلاۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھىندىستاننىڭ رولى كۈنسېرى ئېشىۋاتىدۇ.*

*بۇلغارىيە، سلوۋاكىيە، شىمالى ماكېدونىيە ۋە كوسوۋو قاتارلىقلار خۇاۋېي شىركىتىنىڭ ئۆز دۆلىتىدە 5گ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى چەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇاۋېي شىركىتىگە چەكلىمە يۈرگۈزگەن ياۋروپا دۆلىتى جەمئىي 13 كە يەتتى. ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە گوللاندىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە ۋە شىۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭمۇ ئوخشاش قارارلارنى چىقىرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.*

■ 2019 ـ يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى (EU Council) ۋە ناتو 5گ قۇرۇلۇشىنىڭ ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى ۋە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقى، بۇ قۇرۇلۇشتا ئىشەنچلىك تەرەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەكلىكى ۋە خىتاينىڭ بۇ ساھەدە شەكىللەندۈرۈۋاتقان تەھدىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان

[15] Xinhua, ''Closer Eu-India ties may accelerate geopolitical realignment'', *Global-Times*. 31.10.20
https://www.globaltimes.cn/content/1205230.shtml

ئىدى[16].

*5گ قۇرۇلۇشى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئىقتىسادى ۋە خەۋپسىزلىك قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخنولوگىيەلىك ئۇستۇنلۇكنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى (digital sovereignty) قوغداشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ خۇاۋېينى 5گ قۇرۇلۇشىدىن چىقىرىۋېتىشى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدە بەزى سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.*

## تەۋسىيەلەر:

1. ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق كۆزىتىش ۋە 16 ـ نويابىردىكى ئىككى تەرەپ ئۇچرىشىشىدىن بۇرۇن ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋەكىللىرىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا بىر قىسقا دوكلات سۇنۇش كېرەك.

2. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھىندىستان بىلەن بولغان دىپلوماتىك ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھىندىستاننىڭ ئاكادېمىك ساھەسىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشىش لازىم.

3. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدە خۇاۋېي ۋە خىتاينىڭ باشقا يەن ـ تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ ئىزچىل تۈردە ياردەمدە بولۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش ۋە خۇاۋېينى چەكلىمىگەن باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە بۇنى ئاڭلىتىشقا تىرىشىش كېرەك.

[16] Gautam Chikermane, ‘’As Bulgaria, Kosovo, North Macedonia block Chinese equipment in their 5G networks, all eyes on India’’. *Observer Research Foundation.* 26.10.20

https://www.orfonline.org/expert-speak/as-bulgaria-kosovo-north-macedonia-block-chinese-equipment-in-their-5g-networks-all-eyes-on-india/

## خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى

31 .10 2020 _10.18 .2020

**تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد ئەلى**

■ خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېت «ئۇچ بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى بېسىپ تارقاتتى

10. ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى «ئۈچ بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى بېسىپ تارقاتتى[17].

*يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قارار ئۈچنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ھەربىي مەكتەپ مائارىپى، ئارمىيەنىڭ مەشىق ئەمەلىيىتى، ھەربىي كەسپىي مائارىپ قاتارلىق ئۈچ نۇقتىنى مەركەزلەشتۈرگەن يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قارارى ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت بىرلەشكەن، زامانىۋى، كەسپىي ھەربىي بىلىمى بولغان يېڭى دەۋر ھەربىيلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىشنى پىلانلاۋاتىدۇ.*

*بۇ خىتاينىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئوتتۇرىغا قويغان پىلانى بولۇپ، شى جىنپىڭ دۆلەت رەئىسى بولغاندىن بېرى بۇ سىستېمىنى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. خىتاي ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ئۆرنەك ئېلىپ تۇرۇپ*

[17] 童黎、<国防法修订草案全文公布，这个关键词引来台媒关注>、*观察者网*、2020年10月22日、
https://www.guancha.cn/politics/2020_10_22_568925.shtml

*زامانىۋى قورال‌لارغا، ئىلغار تېخنىكا ۋە جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇنى شى جىنپىڭنىڭ 2035 ۋە 2049 پىلانىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. يېقىندىن بۇيان خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئامېرىكا - خىتاي رىقابىتىنىڭ مۇرەككەپ ۋە كۆپ قىرلىق داۋام قىلىشى، تەيۋەن مەسىلىسى، جەنۇبىي خىتاي مەسىلىسى، ھىندىستان- خىتاي چېگرا توقۇنۇشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولماقتا. بۇ قەدەملەر ئامېرىكا ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ خىتايدىن ئەنسىرىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن.*

■ خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى تۈزىتىش لايىھەسى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا قاراپ چىقىلدى

21- ئۆكتەبىر، «خىتاي دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى (تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە)» خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى تورىدا تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىندى، لايىھەگە 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگىچە پىكىر ئېلىنىدۇ[18].

ھازىرقى خىتاي دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى 1997 - يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 2019- يىلى 1- ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش باشلانغان ئىدى. تۈزىتىش لايىھەسى 21 - ئۆكتەبىر، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 22 - سانلىق يىغىنىدا قاراپ چىقىلدى.

[18] 〈国防法（修订草案）征求意见〉、*中国人大网*、北京、10月21日、http://www.npc.gov.cn/flcaw/userIndex.html?lid=ff80808175265dd40175451aa24717ac、file:///C:/Users/Uyghur/Downloads/%E4%B8%AD%E5%8D%8E%E4%BA%BA%E6%B0%91%E5%85%B1%E5%92%8C%E5%9B%BD%E5%9B%BD%E9%98%B2%E6%B3%95%EF%BC%88%E4%BF%AE%E8%AE%A2%E8%8D%89%E6%A1%88%EF%BC%89.PDF

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن جەمئىي 12 باب 70 ماددا بولۇپ، بۇ 12 باب 73 ماددا قىلىپ تۈزىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 50 ماددا تۈزىتىلدى، ئالتە ماددا قوشۇلدى، ئۈچ ماددا چىقىرىۋېتىلدى. بۇ قوشۇلغان ياكى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن مۇھىم ماددىلاردىن بىر قانچىسى شۇلار: 1- باب ئومۇمىي پىرىنسىپ قىسمىنىڭ 2 - ماددىسىغا بۆلگۈنچىلىك (分裂)، تەرەققىيات مەنپەئەتى (发展利益) دېگەن خەتلەر قوشۇلدى. بۇرۇنقى 44 -ماددا، 47 - ماددا بولۇپ ئۆزگەرتىلدى ۋە بۇ ماددىغىمۇ تەرەققىيات مەنپەئەتى دېگەن خەتلەر قوشۇلدى.[19] يەنى، بۇ ئۆزگەرتىش بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى يۈز بەرگەندە ۋە خىتاينىڭ تەرەققىيات مەنپەئەتى دەخلىگە ئۇچرىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتى، خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنى ۋە خىتاي خەلقىنى جەڭگە سەپەرۋەر قىلىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۆزگىرىش تەيۋەن تاراتقۇلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقان.[20] بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ خىتاي ئەسكىرىي كۈچلىرىنى خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە باشقۇرىدىغان ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ھەربىي باشقۇرۇش ھوقۇقى تامامەن خىتاي مەركىزى كومىتېتىنىڭ قولىغا ئۆتتى. 7 - ماددىسى 8 - ماددا بولۇپ تۈزىتىلىپ، ھەربىيلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئېتىبارىغا كېپىللىك قىلىش دېگەن سۆز قوشۇلدى. «ھەربىيلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇق - مەنپەئەتى» بابىغا، ھەربىيلەرنىڭ كومپارتىيەگە سادىق بولۇشى كېرەك دېگەن سۆز قوشۇلدى.[21]

---

[19] 童黎、〈国防法修订草案全文公布，这个关键词引来台媒关注〉、*观察者网*、2020年10月22日、
https://www.guancha.cn/politics/2020_10_22_568925.shtml

[20] 〈中國擬增加「發展利益遭受威脅」 作為開戰條件〉、 *联合报*、2020年10月22日、
https://udn.com/news/story/7331/4954776

[21] 〈重磅！国防法修订草案全文公布，重要条款新增四个字〉、*新浪财经*、2020年 10月21日、
https://finance.sina.com.cn/china/gncj/2020-10-22/doc-iiznezxr7351232.shtml

يۇقىرىدىكى بۇ بىرقانچە تۈزىتىشلەردىن مۇنداق نۇقتىلارنى كۆرەلىشىمىز مۇمكىن. خىتاي، بۇ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەيۋەننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇشنى قانۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەسكەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە مىللەتچىلىكىنى قوزغاپ، خىتاينىڭ مۇرەككەپ ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتى ئاساسىدا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل ۋەقە ۋە توقۇنۇشلارغا تەييارلىق قىلىشنى پىلانلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلىشى، خىتاي كومپارتىيەسى ئىچىدىكى ئىچكى زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنى فۇنكسىيەسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھوقۇقنى شى جىنپىڭنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشتىكى مۇھىم قەدەم دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاي چوڭ دۆلەت بولغانسېرى مەنپەئەت دائىرىسى ۋە زەنجىرىنىڭ كېڭىيىشى، خىتاي- ئامېرىكا توقۇنۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشى، رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنىڭ كۆپىيىشى، تەيۋەن - خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يېرىكلىشىشى، خىتاي ۋە شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكانىڭ ئورنىنى ئېلىش خىرىسى قاتارلىق ئامىللار خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

خىتاي ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا 23 يىل بۇرۇنقى دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىنىڭ تۈزىتىلىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋالدەك قىلىسمۇ، بەزى ماددىلارنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك تۈزىتىلىشى رايون ۋە دۇنيا دۆلەتلىرىدە ئەندىشە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى بۇ ئەندىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە.

## ■ خىتاي، «چاۋشىيەنگە ياردەم بېرىپ ئامېرىكاغا قارشى تۇرۇش»

ئۇرۇشىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى ۋە شى جىنپىڭ سۆز قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خىتاي بېيجىڭ خەلق سارىيىدا «چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ ئامېرىكاغا قارشى تۇرۇش» ئۇرۇشىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ باردى ۋە شى جىنپىڭ سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ سۆزلىرىدە چاۋشيەن ئۇرۇشىنىڭ خىتاي ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ سىمۋوللۇق رولى بارلىقى، ئۇ ئۇرۇش ئارقىلىق خىتاينىڭ ئامېرىكا باشلىق غەرب كۈچلىرىدىن قورقمايدىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكانىڭ يېڭىلمەس كۈچ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى، خىتاينىڭ چىشىغا تېگىشكە بولمايدىغانلىقى، ئەگەر چىشىغا تەگسە يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى، خىتاينىڭ ھازىر ھەرقانداق تەھدىت ۋە قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆز قىلدى[22]. شى جىنپىڭنىڭ بۇ باياناتلىرى خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

*شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرىنى ھەم خەلققە ھەم خەلقئارا ۋە رايون رىقابەتچىلىرىگە قارىتىپ قىلدى دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ مىللەتچىلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كومپارتىيەنىڭ غەلبىلىرىنى خاتىرىلىتىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى پەقەت كومپارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا يېڭەلەيدىغانلىقىنى، ھازىرمۇ بۇرۇنقىدەك «غەرب تاجاۋۇزچىلىرى» نىڭ تەھدىتلىرىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقى ۋە بۇنىمۇ يېڭەلەيدىغانلىقىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئامېرىكا ۋە تەيۋەن، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە، خىتاينىڭ ئاللىقاچان كۈچلۈك، ھەرقانداق تەھدىت ۋە*

[22] 习近平、〈在纪念中国人民志愿军抗美援朝出国作战70周年大会上的讲话〉、*人民日报*、2020年10月24日、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-10/24/nw.D110000renmrb_20201024_1-02.htm

*رىقابەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان دۆلەت ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ چىشىغا تەگسە ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت ئارىلاش سىگنال بېرىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.*

*بۇ خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خىتاي مۇرەككەپلەشكەن خەلقئارا ۋەزىيەت، كەسكىنلەشكەن ئامېرىكا - خىتاي رىقابىتى، جىددىي تۈس ئالغان تەيۋەن مەسىلىسى، خىتاي ۋىرۇسىدىن كېيىن ناچارلاشقان خەلقئارا ئوبرازى قاتارلىق تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتقانلىقى، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچىنىڭ مەركەزگە توپلىنىۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ تەيۋەن مەسىلىسىنى ئۇرۇش بىلەن ھەل قىلىشنىڭمۇ تەييارلىقلىرىنى قىلىۋاتقان بولۇش ئېھتىماللىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەتتا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشىمۇ كومپارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى كۈچلەندۈرۈۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.*

■ 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە خىتاينىڭ 5 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى.

19 - نۆۋەتلىك خىتاي مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى 26 - ئۆكتەبىردىن 29 - ئۆكتەبىرگىچە بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2035 - يىللىق كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى.[23]

[23]〈中共十九届五中全会在京举行〉、 *人民日报*、2020年 10月30 日、 http://paper.people.com.cn/rmrb/html/2020-10/30/nw.D110000renmrb_20201030_1-01.htm

29 ـ كۈنى ئېلان قىلىنغان يىغىن خۇلاسە دوكلاتىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلارغا قاراپ باقايلى:

يىغىندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەن: «نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىر تەرەپتىن، خەلقئارا كۈچ سېلىشتۇرمىسى چوڭقۇر تەڭشىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپ ئېلىپ كەلدى، خىتاي كومپارتىيەسى «كىرىزىس داۋامىدا پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك» .

دوكلاتتا يەنە: «يېڭىلىق يارىتىش، خىتاينىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتىدە يادرولۇق ئورۇنغا ئىگە، خىتاي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلىي پىلانغا قويۇپ، ياسىمىچىلىق كۈچلۈك دۆلىتى، سۈپەت كۈچلۈك دۆلىتى، تور كۈچلۈك دۆلىتى، رەقەملىك خىتاي قۇرۇشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىدۇ» .

دوكلاتتا يەنە 2035 ـ يىللىق كەلگۈسى نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇ چاغدا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنى يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش، ھالقىلىق يادرولۇق تېخنىكىدا زور بۆسۈش ھاسىل قىلىش، يېڭىلىق ياراتقۇچى دۆلەت قاتارىغا كىرىش ؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش، ئوتتۇرا ھال كىرىملىكلەرنى كۆرۈنەرلىك كۆپەيتىش قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

دوكلاتتىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بولسا«ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇكەممەل ئىچكى ئېھتىياج سىستېمىسىنى تېز يېتىلدۈرۈش، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا قوش ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، مەبلەغ سېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى.

ئەسكىرىي جەھەتتىن بۇ دوكلاتتا «ئۇچىنچى 100 يىللىق نىشان»، يەنى دۆلەتنى بېيىتىش، ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 2027 ـ يىلى يۈز يىللىق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ماشىنىلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ بىرلەشمە تەرەققىياتىنىڭ مەزمۇنىنى كۆپەيتىپ، «ھەربىي مەشىق، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى.

خىتاينىڭ بۇ دوكلاتتىغا قارايدىغان بولساق، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ «14ـ بەش يىللىق» پىلانى ۋە «2035» پىلانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى 25 ئابزاسلىق دوكلاتنىڭ 17 ئابزاسى ئىقتىساد بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

*بۇ يىغىندا خىتاي سىياسىي تېمىلارنى مۇزاكىرە قىلىشتىن قەستەن قاچقان بولۇشى مۇمكىن. دوكلاتتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كېيىنكى نۆۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ئالمىشىشىغا دائىر ھازىر خىتاي كومپارتىيەسى دۇچ كېلىۋاتقان ئىچكى ـ تاشقى مالىمانچىلىق، خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇم ئەھۋالى ۋە 13 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش نىشانىنىڭ ئۆز قەرەلىدە ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر پەقەتلا تىلغا ئېلىنمىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە شى جىنپىڭنى ماختاش ۋە*

*ئۈنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى تەكىتلەش قاتارلىقلارغا ئورۇن بېرىلدى. بۇنىمۇ بىر تەرەپتىن شى جىنپىڭنىڭ 2022 ـ دىن كېيىنمۇ رەئىسلىككە داۋام قىلىدىغانلىقىنىڭ بىر سىگنالى دېيىشكە بولىدۇ.*

خىتاي بۇ قېتىملىق پىلاندا ئېنىق ئىقتىسادى كۆرسەتكۈچ بەلگىلىمىدى، پەقەت 2035 يىلىغا كەلگەندە كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمنى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش يەنى ھازىرقى 10 مىڭ دوللاردىن 20 مىڭ دوللارغا (ھازىرقى ئوتتۇرا ھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 15000 ـ 20000 ئارىسىدا)چىقىرىشنى بېكىتتى.

يېقىندىن بۇيان كۈچەيگەن ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتى، خىتاينىڭ رايوندىكى زىددىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى، خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك خىتاي ئوبرازىنىڭ زېدىلىنىشى ۋە باشقا نۇرغۇن ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلى خىتاي بۇ يىغىندا ئىچكى ئايلىنىشنى ئاساس قىلغان قوش ئايلىنىش ئىستراتېگىيەسىنى تەكىتلىدى.

ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ كۆپ تەكىتلەنگەن تېما بولسا يېڭىلىق يارىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇش بولدى. بۇ تېما «13 ـ بەش يىللىق» پىلاندىمۇ مۇھىم تېما ئىدى. بۇ قېتىم ئامېرىكانىڭ يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە خىتاينى يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا خىتاي يۇقىرى تېخنىكا ساھەسىدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بۇ يېڭى پىلانىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى قاتارىغا قويدى.

*خۇلاسىلەپ ئېيتساق، خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنىنى مۇنداق ئۈچ جۈملىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. بىرىنچىسى، ئىچكى ئايلىنىشنى ئاساس قىلغان قوش ئايلىنىش ئاساسىدا ئىقتىسادنى كۈچلەندۈرۈش ۋە 2035 كە ئاساس سېلىش. ئىككىنچىسى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچىنى كۈچەيتىپ،*

كۈچلۈك پەن- تېخنىكا دۆلىتى بولۇش. ئۈچىنچىسى، كۈچلۈك، زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش.

خىتاي بۇ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تاشقى قىيىنچىلىقلاردىن باشقا نۇرغۇن ئىچكى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ بىرسى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان G D Pنىڭ ئېشىشى ۋە ئوتتۇرا هال كىرىملىكلەر سانىنىڭ ئېشىشى بىلەن خىتاي ئەمگەك كۈچى تەننەرخى تۆۋەن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى يوقىتىپ قويۇشى بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، خىتايدىكى نوپۇسنىڭ قېرىلىشىش مەسىلىسى. بۇ مەسىلە خىتاينىڭ چارە تاپالمايۋاتقان مەسىلىلىرىنىڭ بىرسى دېيىشكە بولىدۇ. 2022 يىلىغا كەلگەندە خىتايدىكى ياشانغان نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 14% نى تەشكىل قىلىدىكەن، خىتاي گەرچە 2 بالىلىق بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بالىلىق بولۇشقا ئۈندەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى ئويلىغاندەك ياخشى بولمىدى. ئۈچىنچىدىن، خىتايدىكى هاكىمىيەت هوقۇقىنىڭ زىيادە مەركەزلىشىشى ۋە دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى قاتتىق قول سىياسەتلىرى. ماۋ دىن كېيىن خىتاي كومپارتىيەسى پارتىيە ئىچىدە نىسبەتەن «كوللېكتىپ رەهبەرلىك» تۈزۈمى يولغا قويغان ئىدى. شى جىنپىڭ هاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن هوقۇق تامامەن ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلىشىشكە باشلىدى ۋە هازىر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ ئەهۋال خىتاي كومپارتىيەسى ئىچىدە ئىچكى زىددىيەتنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن. شى جىنپىڭ هاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا تېخىمۇ قاتتىق سىياسەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ، خىتاي ئىچىدىكى نارازىلىق، هەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئېتىقاد ئەركىنلىكى، هەرخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر قاتارلىقلارغا يول ئېچىۋاتىدۇ. خەلقئارادا بولسا خىتاينىڭ تۈزۈلمىسىگە، ئىچكى سىياسىتىگە بولغان تەنقىد يۇقىرى پەللىگە چىقماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى، خىتاي ۋىرۇسى ۋە

*خوڭكوڭ مەسلىسىدىن كېيىن خىتايغا بولغان نارازىلىق ۋە ئەيىبلەشلەر تېخىمۇ كۈچەيدى. خىتاي بۇنىڭ بەدىلىنى ئېغىر تۆلىشى مۇمكىن.*

## تەكلىپلەر:

بۇ ئۆزگىرىشلەر خىتاينىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتىدىكى جىددىيچىلىكنى كۆرسەتمەكتە. ئارمىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە قانۇنىدىكى ئۆزگىرىشلەر، شى جىنپىڭنىڭ تەھدىت ئارىلاش سىگناللىرى رايون ۋە خەلقئارادا خىتايغا بولغان ئەندىشىنى كۈچەيتمەكتە. 5- ئومۇمىي يىغىندىكى خۇلاسىلەرمۇ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن پايدىلىق بىر ئۆزگىرىش دېيىشكە بولىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلەر مېدىيانىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ خىتاينىڭ يۈكسىلىشىنىڭ رايون ۋە دۇنيا ئۈچۈن تەھدىت ئىكەنلىكىنى دەلىل- ئىسپاتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك خەۋەرلەرنى، ئانالىز ماقالىلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ توپلاش ۋە مېدىيادا تارقىتىش كېرەك.

خەلقئارا مۇناسىۋەت، سىياسەت، قانۇن، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە ئوقۇۋاتقان ياكى خىزمەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىيلار خىتاينىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىت ۋە خېيىم - خەتەرلەر ۋە بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى ھەققىدە ماقالە ۋە خەۋەر يېزىپ، تۇرۇشلۇق دۆلىتى ۋە خەلقئارالىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىش كېرەك.

خىتايدىكى نوپۇسنىڭ قېرىشى ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچىنىڭ ئازلاپ كېتىش ئەھۋالىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي

ئەمگەك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئەرزان ئەمگەك كۈچى بازىسى قىلىشقا ئۇرۇنۇشىغا دائىر دوكلات، ماقالىلەرنى يېزىش ۋە دەلىل توپلاش كېرەك.

شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ئورگانلىرى خىتاينىڭ كەلگۈسى ۋە بۈگۈنگە ماس قەدەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرى ھەققىدە سىنارىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بۈگۈنگە قارىتا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قانداق تەييارلىقلاردا بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە تېخىمۇ ئەستايىدىل ئىزدىنىشى كېرەك.